# پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرگەندە: «ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن، ئۇنىڭ ئىسىل يۈزى بىلەن، ئەبەدىي پادىشاھلىقى بىلەن قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرگەندە: «ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن، ئۇنىڭ ئىسىل يۈزى بىلەن، ئەبەدىي پادىشاھلىقى بىلەن قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى. رىۋايەت قىلغۇچىغا: مۇشۇنچىلىكمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ھەئە، بۇ دۇئانى قىلسا، شەيتان: «ئۇ قالغان كۈنىدە مىنىڭ يامانلىقىمدىن ھىمايە قىلىندى» دەيدۇ، دىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرگەندە: «ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى، يەنى: سۈپەت، ئەھۋال، زاتىدا ئۇلۇغ بولغان ئاللاھ تائالاغا ئىسىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن پاناھ تىلەيمەن ۋە قوغدىنىمەن، دەيتتى. «ئۇنىڭ ئىسىل يۈزى» دىگەن، نىمىتى تۈگىمەس سىخى، چەكسىز ئىسىل دىگەن مەنىدە. «ئىسىل» دىگەن سۆزمۇ ياخشىلىق، پەزىلەت ۋە ئالىجانابلىقنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. [يۈز» دىگەن سۈپەتنى ئاللاھ تائالاغا ئۆزگەرتمەي، بىكار قىلماي ۋە ئوخشاتماي ئىسپاتلاش كىرەك. «ئەبەدىي پادىشاھلىقى بىلەن قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن» يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلى پاكىت-ھۆججىتى ياكى قەدىمى ھۆكۈمرانلىقى دىگەن مەنىدە. «قوغلاندى شەيتاندىن» ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانغان، ئاقار يۇلتۇزلار بىلەن سوقۇلغان شەيتاندىن دىگەن مەنىدە. «مۇشۇنچىلىكمۇ؟، ھەئە» رىۋايەتچىلەردىن بىرى شەيخىدىن: «ساڭا بۇ ھەدىسنىڭ مۇشۇنچىلىك قىسمى يەتتىمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ: ھەئە، دىدى. ياكى بۇ سۆزدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن بۇ زىكىرلەر يېتەرلىكمۇ ياكى بولمىسا باشقا زىكىرلەرمۇ بارمۇ؟ دىمەكچى بولىشىمۇ مومكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەتچى: ھەئە، دىدى، ۋە: «مەسجىدكە كىرگەن كىشى بۇ دۇئانى ئوقۇسا، شەيتان: «بۇ كىرگۈچى قالغان كۈنىدە مىنىڭ يامانلىقىمدىن ھىمايە قىلىندى» دەيدۇ، دىگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8294